شنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 12 ـ ئاي
14
دۈشەنبە
维吾尔文 12 月14日

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报网 : www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65—0002/—W :مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەملىك نەشر بۇيۇمى نومۇرى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25275 ـ سان بۈگۈن 4 بەت

# «شى جىنپىڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىدىن تاللانما»نىڭ ئىنگلىزچە نۇسخىسى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە تارىخى ۋە ھۆججەت، ماتېرىيال تەتقىقات يۈرتى تەرجىمە قىلغان «شى جىنپىڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىدىن تاللانما»نىڭ ئىنگلىزچە نۇسخىسى يېقىندا مەركىزىي تەھرىر ـ تەرجىمە نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى.

«شى جىنپىڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىدىن تاللانما»نىڭ خەنزۇچە نۇسخىسى 2020 ـ يىلى 10 ـ ئايدا مەركىزىي ھۆججەت،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

# ئىستېمالنىڭ دەرىجىسى ئۆستى ھاياتىي كۈچ تولۇپ تاشتى

**شىنجاڭنىڭ «13 ـ بەش يىل»غا نەزەر**

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز خېي خۇڭۋېي

12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى سەھەردە، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مىدۇڭ رايونى لۇساۋگوۋ يېزىسىغا جايلاشقان شىنجاڭ ئەيىۋۋېي يېمەكلىك چەكلىك شىركىتىنىڭ چىراغلىرى يورۇق بولۇپ، ھەممەيلەن ئالدىراش ئىدى. «‹قوش 11› مەزگىلىدە شىركىتىمىزنىڭ سېتىش سوممىسى 4 مىليون يۈەن بولدى، ‹قوش 12›نى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، شىركىتىمىز مال زاپىسىنى يېتەرلىك قىلدى، ئېتىبارلىق پائالىيەتلەرنى تېخىمۇ كۆپەيتتى، ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمىز» دېدى شىركەت باش دىرېكتور ياردەمچىسى جىن شىياڭ.

«13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىستېمال ئېھتىياجى سىجىل ئېشىپ، ئىستېمال قۇرۇلمىسىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش تېزلىشىپ، ئىستېمالنىڭ تۈرتكىلىك رولى كۆرۈنەرلىك كۈچىيىپ، ئىستېمال ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىدىكى قوزغاتقۇچ كۈچكە ئايلىنىپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلىدى.

**بازارنىڭ ھاياتىي كۈچى تولۇق قوزغىتىلدى**

12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، گەرچە قوش دەم ئېلىش كۈنى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۈرۈمچى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كەسىپلەر تەرەققىيات رايونى(يېڭىشەھەر رايونى) شەنشەن ئوتلېتىس مال سېتىۋېلىش مەيدانىدا خېرىدارلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى.

چوڭ تىپتىكى سودا ئۇنىۋېرسال گەۋدىسى ئىستېمالغا تۈرتكە بولۇپلا قالماي، يەنە شەھەرنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ئەڭ جەلپكار شەھەر جۇغراپىيەلىك بەلگىسىگە ئايلاندى. ئۈرۈمچى شەھىرىگە ئوخشاش تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ـ شىمالىدىكى ھەرقايسى شەھەرلەردىمۇ چوڭ تىپتىكى مال سېتىۋېلىش مەركەزلىرى قۇرۇلۇپ، شەھەر ئاھالىلىرى ئىستېمالدىكى ياخشى جايغا ئايلاندى.

«13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىستېمال كۆلىمىدە يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىندى. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 2016 ـ يىلى، ئاپتونوم رايونىمىزدا جەمئىيەت ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 305 مىليارد 520 مىليون يۈەن بولغان؛ 2019 ـ يىلى، جەمئىيەت ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 361 مىليارد 700 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2016 ـ يىلدىكىدىن 56 مىليارد 180 مىليون يۈەن ئاشقان.

بۇ يىل، يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى تۈگىتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز «يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇپ، ئىشەنچنى ئاشۇرۇپ، سودا ئىستېمالىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكىر» قاتارلىق بىر قاتار ھۆججەتلەرنى چىقىرىپ، يېمەك ـ ئىچمەك، سودا سارايى قاتارلىق تۇرمۇش مۇلازىمەت كەسىپلىرىنىڭ ئەسلىگە كېلىپ تەرەققىي قىلىشىغا مەدەت بەردى، ھەرقايسى جايلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئىستېمال بېلىتى تارقىتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىستېمالنى تولۇقلاش ۋە يوشۇرۇن كۈچنى قويۇپ بېرىشنى ئىلگىرى سۈردى.

ئاپتونوم رايونىمىز يەنە «100 كۈندە 1000 كارخانا شىنجاڭغا مەركەزلىك مەنپەئەت يەتكۈزۈش» ئىستېمال پەسلى پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، بۇ، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى، ئاپتوموبىل، تەييار ماي، يېمەك ـ ئىچمەك قاتارلىق نۇقتىلىق ساھەلەرگە چېتىلىدىغان بولۇپ، ئىستېمال قىزىق نۇقتىلىرىنى يېتىلدۈرۈپ، ئىستېمال دەرىجىسىنىڭ ئۆسۈشىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئىستېمال بازىرىنىڭ تېز سۈرئەتتە جانلىنىشىغا كۈچ قوشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى لىيۇ بىن مۇنداق بىلدۈردى: ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلىرىنىڭ پۇختا، تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىلىشىغا ئەگىشىپ، بازارنىڭ ھاياتىي كۈچى تولۇق قوزغىتىلماقتا.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# شىنجاڭدىكى 1 مىليون 800 مىڭدىن ئارتۇق دېھقان ئائىلىسى «يەر كىملىكى» ئالدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاۋ مىن، ئىختىيارىي مۇخبىر جوۋ بونىڭ ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، ھازىرغىچە شىنجاڭدا 1 مىليون 806 مىڭ 100 دېھقان ئائىلىسى «يەر كىملىكى» — يېزا يەر ھۆددىگەرلىكىنى باشقۇرۇش ھوقۇقى گۇۋاھنامىسى ئالغان بولۇپ، يېزا يەر ھوقۇقىنى بېكىتىش، تىزىملاپ گۇۋاھنامە تارقىتىش نىسبىتى 94.07%كە يەتكەن.

ئىگىلىنىشىچە، 2013 ـ يىلى دۆلەت يېزا يەر ھۆددىگەرلىكىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى بېكىتىش، تىزىملاش، گۇۋاھنامە تارقىتىش خىزمىتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى باشلاپ، شىنجاڭدىكى 35 مىليون 620 مىڭ مو يېزا يەر ھوقۇقىنى بېكىتىش كۆلىمى (2009 ـ يىلى ئەسلىدىكى دۆلەت زېمىن بايلىقى مىنىستىرلىقى بېكىتكەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كوللېكتىپ تېرىلغۇ يەر كۆلىمى)نى چۈشۈرگەن.

2015 ـ يىلىدىن باشلاپ، شىنجاڭ يەر ھوقۇقىنى بېكىتىش خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتتى. ھازىرغا قەدەر، شىنجاڭ دۆلەت چۈشۈرگەن يېزا يەر ھوقۇقىنى بېكىتىش، تىزىملاش، گۇۋاھنامە تارقىتىش ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىدى، 1 مىليون 806 مىڭ 100 دېھقان ئائىلىسى «يەر كىملىكى» ئالدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## فۇكاڭ شەھىرى جەمئىيەت ئىدارە قىلىش شەكلىدە يېڭىلىق ياراتتى
# «بەش مۇرەسسە تەشكىلاتى بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىش» ئارقىلىق تالاش ـ تارتىشلار ھەل قىلىندى

**شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش يېڭى ئەمەلىيىتى**

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **سۈي يۈنيەن** خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، فۇكاڭ شەھىرى فۇشىڭ خۇايۈەن ئولتۇراق رايونىدىكى «ياڭ ۋېنرېن خەلق مۇرەسسەسى ئىشخانىسى»دا مۇرەسسەچى ياڭ ۋېنرېن بىر ئاھالىگە تېلېفون قىلىۋاتاتتى. «ئولتۇراق رايوندىكى مەلۇم بىر دەنيۈەندە سۇ تۇرۇبىسى رېمونت قىلىنىۋاتقاندا، ئارىلىقتا ئازراق مەسىلە كۆرۈلۈپتۇ» دېدى تېلېفوننى قويۇپ ياڭ ۋېنرېن مۇخبىرغا.

بۇ دەنيۈەندىكى ئاھالىلەر سۇ تۇرۇبىسىدا مەسىلە كۆرۈلگەنلىكىنى ئىنكاس قىلغان بولۇپ، دەنيۈەن باشلىقىنىڭ پائال ماسلاشتۇرۇشى بىلەن، ئاھالىلەر مەبلەغ جۇغلاپ تۇرۇبا تورىنى ئۆزگەرتىپتۇ. ئويلىمىغان يەردىن، قۇرۇلۇش مەزگىلىدە بىرنەچچە ئائىلىلىك ئاھالىلەر بىلەن قۇرۇلۇش قىلغۇچى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت كۆرۈلۈپ، قۇرۇلۇش ۋاقتىنچە توختاپ قاپتۇ. ياڭ ۋېنرېن مۇنداق دېدى: سۇ تۇرۇبىسىنى رېمونت قىلىش ياخشى ئىش، ئەمما كىچىك ئىشلار سەۋەبىدىن توختىتىپ قويۇشقا بولمايدۇ، يەنە قۇرۇلۇشقا داۋاملىق تۈرتكە بولۇش كېرەك.

ياڭ ۋېنرېن فۇكاڭ شەھەرلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئىجرا ئىدارىسىنىڭ بىر سوتچىسى بىلەن بىللە بۇ زىددىيەت ـ ماجىرانى ھەل قىلدى. «ئۇ قانۇن نەزەرىيەسىنى سۆزلەيدۇ، مەن ئادەمگەرچىلىك ۋە داۋلى سۆزلەيمەن، خىزمەتنى مۇشۇنداق ئىشلىگەندە تېخىمۇ قايىل قىلىش كۈچى بولىدۇ» دېدى ياڭ ۋېنرېن.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

## قورغاس ناھىيەسىدە:
# ئەتىۋارلىق ھايۋان، ئۆسۈملۈكلەرنى قوغداش كىچىك رايونىدىن ئىككىسى قۇرۇلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **رىبىن جياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: «11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، بىز قوغداش كىچىك رايونىدىن ئىككىنى قۇرۇپ، ئۈچ خىل ئەتىۋارلىق ھايۋان، ئۆسۈملۈكنى قوغدىدۇق. قوغداش كىچىك رايونىنىڭ قۇرۇلۇشى قورغاس ناھىيەسىنىڭ ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشى ۋە ئېكولوگىيەنى قوغداشتا پائال رول ئوينايدۇ» دېدى 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، قورغاس ناھىيەلىك ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىدارىسى تۈر ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى خۇاڭ تاۋ مۇخبىرغا.

يېڭىدىن قۇرۇلغان قوغداش رايونى كۆمۈش قىرمىس قوغداش كىچىك رايونى، سىبىرىق بوغۇز ھەرىخور قارلىغاچ ۋە قىيالىق قارلىغىچى كۆپىيىش يېرى قوغداش كىچىك رايونى بولۇپ، ھەممىسى بىردەك قورغاس ئىلى دەرياسى ۋادىسى دۆلەت سۇلۇق يەر باغچىسى ئىچىگە جايلاشقان. قوغداش كىچىك رايونى ئۆششاق، كىچىك تىپتىكى قوغداش رايونىنى كۆرسىتىدۇ، كۆلىمى كىچىك بولغاچقا، ھەر خىل قوغداش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئاسان. كۈمۈش قىرمىس قوغداش كىچىك رايونىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 15 گېكتار بولۇپ، 20 ئۆلچەملىك پۇتبول مەيدانىدەك كېلىدۇ. سىبىرىق بوغۇز ھەرىخور قارلىغاچ ۋە قىيالىق قارلىغىچى كۆپىيىش يېرى قوغداش كىچىك رايونى تېخىمۇ كىچىك بولۇپ، ئاران 6.5 گېكتار كېلىدۇ.

كۈمۈش قىرمىس ئەتىۋارلىق ئۆسۈملۈك بولۇپ، پەقەت دۆلىتىمىزدە قورغاس ناھىيەسىدىكى تۆكە قۇملۇقىنىڭ چېتىدىكى بەلباغقا تارقالغان. سىبىرىق بوغۇز ھەرىخور قارلىغاچ دۆلىتىمىزدە پەقەت شىنجاڭغىلا تارقالغان بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 2 ـ دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)



**«ۋاقىت تونېلى» ئېچىلىپ ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋالدى**

12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، ساياھەتچىلەر «ۋاقىت تونېلى»دا تاماشا قىلماقتا. شۇ كۈنى، ئۈرۈمچى ناھىيەسىنىڭ شىيەنلەي كىچىك بازىرىدىكى «ۋاقىت تونېلى» رەسمىي ئېچىلىپ ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋالدى، «ۋاقىت تونېلى»نىڭ ئىچكى قىسمىغا LED ئېكرانى ئورنىتىلغان بولۇپ، 360 گرادۇستا ھەر خىل ئۇسلۇبتىكى باش تېما كۆرۈنۈشلىرى نامايان قىلىنغان، ساياھەتچىلەر كىرگەندىن كېيىن، LED ئېكرانىدا ئوخشاش بولمىغان ۋاقىتتا ئوخشاش بولمىغان مەنزىرىلەر ئالمىشىپ تۇرىدۇ، تەبىئىي مەنزىرە، ئەتىياز، ياز، كۈز، قىش، يۇلتۇزلۇق ئاسمان، ھالقىپ ئۆتۈش قاتارلىق باش تېمىلاردىكى ئالاھىدە ئۈنۈم كۆرۈنۈشلىرى نامايان قىلىنىدۇ.
□ جاڭ شيۇكې فوتوسى

# داشى كەنتىدىكى كەنت ئاھالىلىرى «پەسىل قۇشلىرى»دەك تۇرمۇش كەچۈرمەكتە

**5 ـ ئومۇمىي يىغىن روھى ئاساسىي قاتلامدا**

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **جىڭ بو، جوۋ پېڭ، جاۋ چاڭفۇ** خەۋەر قىلىدۇ: ئەتىياز، ياز، كۈز پەسىللىرىدە يېزىدا، قىش پەسلىدە ناھىيە بازىرىدا تۇرۇپ، لوپنۇر ناھىيەسى شىگېڭ بازىرى داشى كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىلىرى «پەسىل قۇشلىرى»دەك تۇرمۇش كەچۈرمەكتە، بەختىنىڭ مەخپىي شىفرى «كۆچۈش»كە يوشۇرۇنغانىدى.

داشى كەنتىدە زىيارەتتە بولۇش ناھايىتى «باش قاتۇرىدىغان» ئىش. «قىش پەسلى يېتىپ كەلدى، كەنتتىكى نۇرغۇن كىشى ناھىيە بازىرىدا تۇرىدۇ، زىيارەت قىلماقچى بولسىڭىز ئۇنىڭ بىلەن چوقۇم ئالدىن ئالاقىلىشىشىڭىز كېرەك» دېدى 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى داشى كەنتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى فۇ يۈخۇا كۈلۈپ تۇرۇپ.

پويىزنىڭ تېز مېڭىشى پاراۋۇزغا باغلىق. داشى كەنتىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشى كەنت پارتىيە كومىتېتىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، يۇرتداشلىرىنى ماگىنىتتەك ئۇيۇشتۇرۇپ، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىش ئىرادىسى ۋە ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، بىرلىكتە تەرەققىي قىلىپ، ئورتاق بېيىغانلىقىنىڭ پايدىسىدىن بولغان.

«كەنت تېز تەرەققىي قىلدى، مەنمۇ تېز تەرەققىي قىلدىم» دېدى كەنت ئاھالىسى ئابلىكىم مۇسا يۈرەك سۆزىنى ئېيتىپ. بۇ يىل، ئۇ 1 مىليون يۈەن مەبلەغ ئەملەپ ئىككى نىمكەش كومبايىن سېتىۋالدى. ئىككى كومبايىنغا كېۋەز تېرىغان ۋە مېۋىلىك باغدىن قىلغان كىرىمنى قوشقاندا، بۇ يىل ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ كىرىمى 600 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ.

«كەنتنىڭ تەرەققىيات يىرىك پىلانى بويىچە، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ھەمكارلىق كوپېراتىپى سۇپىسىدىن پايدىلىنىپ، مەن كېلەر يىللا بانكا قەرز پۇلىنى تولۇق قايتۇرالايمەن» دېدى ئابلىكىم تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن.

يېتەكلەش، ئۈلگە كۆرسىتىش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتىنى تەشكىللەش كۈچى، ئۇيۇشتۇرۇش كۈچى ۋە جەڭگىۋارلىقى كۈچلۈك قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، بۇ يىل 3 ـ ئايدا داشى كەنتى پارتىيە كومىتېتى يېتەكچىلىك قىلىپ قۇرغان

سكانېرلاپ سىننى كۆرۈڭ

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

扫码下载
石榴云
客户端
天山网 www.ts.cn | 石榴云 | 新疆日报
新 疆 报 业 传 媒 集 团